ئەمگەكچىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز

# ئەتىيازلىق ياخشى پەيت چىڭ تۇتۇلدى   يېزىلار ئەتىيازلىق پەرۋىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

هازىر، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدىكى ئېتىز باشلىرىدا دېھقانلار ئەتىيازلىق پەرۋىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بەزىلەر مېۋىلىك دەرەخلەرنى قوشۇمچە ئوغۇتلىدى، بەزىلەر كېۋەزلىكتە تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسىغا تارماق نەيچىلەرنى ئۇلىدى، بەزىلەر بۇغداي ئىلمىي تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەندى... ھەممىلا جايدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئالدىراش مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئونسۇ ناھىيەسى توخۇلا يېزىسىنىڭ ئۈستۈڭكى قۇرباغ كەنتىدە، تۇنىياز تۇرسۇن كەنتتىكى باغ ـ ئورمان پەرۋىش قىلىش «يەرلىك مۇتەخەسسىس»لىرىگە ئەگىشىپ، ياڭاق دەرىخىگە يوپۇرماق ئوغۇتى پۈركىدى، چىلان دەرىخىدىكى كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

«كادىرلار ئىشىك ئالدىمىزغا كېلىپ بىزگە ياردەملىشىپ ئەتىيازلىق پەرۋىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ھەل قىلىپ بەردى، تېخنىكلار ئىشىك ئالدىمىزغا كېلىپ بىزگە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى، مۇلازىمەت قىلدى. ئەتىيازلىق پەرۋىش ئوبدان قىلىنسا مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ» دېدى تۇنىياز.

ئونسۇ ناھىيەسى باغ كۆلىمى چوڭ ناھىيە بولۇپ، ياڭاق، چىلان، ئالما قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك خاس باغ كۆلىمى 1 مىليون 250 مىڭ موغا يېتىدۇ. ئونسۇ ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى ئابدۇۋەلى ياسىن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل ئونسۇ ناھىيەسى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يولغا قويۇپ، باغۋەنچىلىك كەسپىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كەڭ باغۋەنلەرنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرىدۇ.

«مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئەتىيازلىق پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى مۇلازىمىتىدە، بىز باغۋەنچىلىك تېخنىكلىرى ۋە ئالاقىدار كەنت كادىرلىرىنى تەربىيەلىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، 56 باغۋەنچىلىك دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باغۋەنچىلىك پەن ـ تېخنىكىسى مۇلازىمىتىدىكى ‹ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر›نى راۋانلاشتۇردۇق» دېدى ئابدۇۋەلى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەتىگەندە، لوپنۇر ناھىيەسى شىڭپىڭ بازىرى قاراقۇم كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سەمەت ئەمەت ئورنىدىن تۇرۇپلا كېۋەزلىكىگە كېلىپ تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسىغا تارماق نەيچە ئۇلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى ئېتىز ـ ئېرىق پەرۋىشىگە ياخشى تەييارلىق قىلدى.

تېرىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاش ئۈچۈن، لوپنۇر ناھىيەسى كېۋەزلىكلەردە قوش يوپۇق يېپىش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، تېمپېراتۇرىنى ئۆرلىتىپ، نەملىكنى ساقلاپ، كېۋەز ئۇرۇقىنىڭ ئۈنۈش نىسبىتى ۋە ئەي بولۇش نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك تاۋار پاختا بازىسى بولغان لوپنۇر ناھىيەسى كېۋەز تېرىش جەريانىدا، قوش يوپۇق يېپىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىكەندىن باشقا يەنە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش، يول باشلاش سىستېمىسىنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا قوللاندى.

«ھازىر كېۋەز تېرىشتا ئاساسەن تۇجۇپلەپ تېرىش سىپالىكىسى ئىشلىتىلىدۇ، تېرىش كۆلىمى تېجىلىپلا قالماي، قۇر ئارىلىقىنىڭ خاتالىق پەرقى پەقەت ئىككى سانتىمېترلا بولۇپ، ماشىنا بىلەن پاختا يىغىشقا ئىنتايىن چوڭ قولايلىق يارىتىدۇ. ھازىر يېرىمىزگە كېۋەزنى تولۇق تېرىپ بولدۇق، تېمپېراتۇرىنىڭ تەدرىجىي ئۆرلىسە، 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مايسا مەزگىلدىكى پەرۋىش قىلىشنى مۆلچەرلەۋاتىمىز» دېدى سەمەت.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 3 مىليون 300 مىڭ موغا يېتىشى مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، ھازىر 2 مىليون 800 مىڭ مو يەر تېرىلىپ بولغان. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا سىستېمىسى كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئەتىيازلىق پەرۋىشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى ئېتىز بېشىغا بېرىپ، مايسا ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ھەم تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش، يېتەكلەشنى قانات يايدۇرۇشقا تەرتىپلىك تەشكىللەپ، كېۋەزدىن مول ھوسۇل ئېلىش، پاختىكارلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى.

«تېرىش جەريانىدا چوقۇم دانلىق زىرائەت سىپالىكىسىنى ئىشلىتىپ قۇرلاپ تېرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك، تېرىغاندا خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئۇرۇقنى كۆيدۈرۈۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىشكە بولمايدۇ...» 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، كۆكتوقاي ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى كېڭەيتىش تەتقىقاتچىسى جۇماتاي قاجىباي تېمەكى يېزىسى دۆزباي كەنتىدىكى ئاشلىق تېرىقچىلىقى چوڭ ئائىلىسى ياڭ ۋېيدۇڭنىڭ ئېتىزىغا كېلىپ، پۈتۈن كەنتتىكى تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىگە نەق مەيداندا بۇغداي ئىلمىي تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى مەركەزلىك ئۆگەتتى.

تېمەكى يېزىسى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولغان سوغۇق تاغلىق رايونغا تەۋە بولۇپ، تۇپرىقى مۇنبەت، ھاۋاسى سالقىن، كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك بولغاچقا، يازغى بۇغداينىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ماس كېلىدۇ، شۇڭلاشقا ئالتاي ۋىلايىتىدىكى يازغى بۇغداي كۆپ چىقىدىغان رايون. ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىنچىكە مەشغۇلات قىلىشمۇ شۇ جايدىكى بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلىنىڭ 500 كىلوگرام ئەتراپىغا يېتىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئىگىلىنىشچە، ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تۇجۇپلەپ تېرىشنى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىپ، كۆزدە مول ھوسۇل ئېلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كۆكتوقاي ناھىيەسى «يەرلىك مۇتەخەسسىس» «دېھقان تېخنىك»لارنى ئۈزلۈكسىز يېتىشتۈرگەن، ھازىر 32 ئادەم ئۇزاق مۇددەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىلگىرى، بۇ ناھىيە يەنە مەخسۇس يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات مۇتەخەسسىسلىرىنى ئەۋەتىپ، ئوخشاش بولمىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە قارىتا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى بويىچە تەربىيەلەپ ۋە يېتەكلەپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سۈپەتلىك تېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

**(مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ، قاتناشقان مۇخبىر جاڭ جىلى، بايىنغولىن ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن شيې شياۋيەن، ئىختىيارىي مۇخبىر خۇ جىنلياڭ)**

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلار قول تۇتۇشۇپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشكە تىرىشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ۋە مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشى، ئۈنۈمگە يېتىشىنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، باشلامچى بولۇپ يېتەكلەپ، كەسپ زەنجىرىنىڭ ماس تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلدى، تۈرتكە بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، كورلا نېفت، نېفت خىمىيە كەسپلەر باغچە رايونىدا، جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 500 مىڭ توننا بولغان پولىئېستېر تۈر قۇرۇلۇش ئورنى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەندى، بۇ شىنجاڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ پۈتۈن كەسپ زەنجىرى، كۆپ مەنبەلىك تەرەققىياتقا قاراپ ماھىيەتلىك قەدەم ئالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شىنجاڭ كورلا جۇڭتەي نېفت خىمىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لۇ جېڭپىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، پولىئېستېر ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق خام ئەشيا PTA ۋە ئېتىلېن گىلىكول ئىكەن، بۇ تۈر جۇڭتەي نېفت خىمىيەسى قۇرغان يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1 مىليون 200 مىڭ تونىلىق PTA تۈرى بىلەن بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرگەن، 2021 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ پولىئېستېر تالالىق خام ئەشياسىنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش بوشلۇقىنى تولدۇرىدىكەن ھەم ئىككىلەمچى توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق قاتارلىق يانداش كەسپ زەنجىرىدە 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدىكەن.

جۇڭتەي گۇرۇھى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنى ئاساسىي جەڭ مەيدانى، كۆيدۈرگۈچى ئىشقار كەسپىنى ئۇزارتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، جەمئىي 10 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1 مىليون توننا ۋىسكوزا تالا، 3 مىليون ئۇرچۇقلۇق يىپ ئېگىرىش ئايلانما ئىگىلىك كەسپ زەنجىرى قۇرۇپ، 10 مىڭغا يېقىن كىشىنى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىز بىر تەرەپتىن باشلامچى كارخانىلار ۋە كۆلەمدىن يۇقىرى، سومما چەكلىمىسىدىن يۇقىرى كارخانىلار ۋە نۇقتىلىق تۈرلەردە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، «سۆڭەك جازىسى»نى ياخشى قۇراشتۇردى؛ بىر تەرەپتىن كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى بويلاپ بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كارخانىلارنىڭ ئىش باشلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، «قان تومۇر»نى راۋانلاشتۇردى.

ھازىر، گۇاڭخۇي ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى يۇقىرى ئېقىمدا نېفت تەبىئىي گاز بايلىقىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈپ ئېچىش، ئوتتۇرا ئېقىمدا تەبىئىي گازنى سۇيۇقلاندۇرۇش ۋە يۈرۈشلەشكەن ئەشيا ئوبوروتى، ئوتتۇرا ھالقا ترانسپورتى، تۆۋەن ئېقىمدا ئاپتوموبىلغا گاز قاچىلاش پونكىتى قاتارلىق تېرمىنال بازىرىدا سېتىش تورىنى بىر گەۋدە قىلغان مۇكەممەل ئېنېرگىيە كەسپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى. گۇاڭخۇي ئېنېرگىيەسى باشلامچى كارخانىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كارخانىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا تۈرتكە بولدى. شىنجاڭ گۇاڭخۇي خىمىيە سانائەت سېتىش چەكلىك شىركىتى ھەمكارلىشىۋاتقان ئوندىن ئارتۇق ترانسپورت ئورنىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى.

1 ـ پەسىلدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.2% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەتنىڭكىدىن 10.6 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنى رايون ئىچىدە ماسلاشتۇرۇش، يۈرۈشلەشتۈرۈش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، كەسپ زەنجىرىنى ماسلاشتۇرۇش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇشقا داۋاملىق يېتەكلەپ، جابدۇق ئىشلەپچىقىرىشنى ۋەكىل قىلغان سانائەت پۈتۈن كەسپ زەنجىرى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

روھ بىلەن، ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەپ، بىپايان زېمىندا ياشلىق سەھىپىسىنى پۈتۈپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشتىكى يارقىن مەنزىرىگە ئايلاندى.

### ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئاۋانگارتلاردىن بولۇش

ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقۇم ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ياشلار ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

«1 ـ ماي» مەزگىلىدە، نۇرغۇن كىشى دەم ئېلىش، ئارام ئېلىشنى تاللىغاندا، تارىم نېفتلىكى چارلاش ـ ئېچىش تەتقىقات يۈرۈتى كۇچا باھالاش ـ ئېچىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تاڭ يۈڭلياڭ يەنىلا ئىشخانىغا بېرىپ، يۇقۇم مەزگىلىدىكى خىزمەتلەرنى سىستېمىلىق خۇلاسىلىدى، پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلاندى، چاكلىق تۆۋەن تۆشۈكلۈك قۇمتاش گاز زاپىسىنى ئېچىش تېخنىكىسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدى، كېيىنكى قەدەمدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى پائال پىلانلىدى.

35 ياشلىق تاڭ يۈڭلياڭ يۇقۇم مەزگىلىدە، تور كۆرۈنمە چاستوتىسى، بۇلۇت سۇپىسى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ پەن تەتقىقات خادىملىرىنى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەشكىللەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ تەرتىپلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىلىشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدى. «يۇقۇم دۆلەت ئۈچۈن سىناق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ياش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيەلىك كادىرلار ئۈچۈنمۇ بىر قېتىملىق سىناق، بىز ياش پارتىيە ئەزالىرى پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئاتاكىغا ئالدىدا ئۆتۈپ، دۆلەت ئېنېرگىيەسىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك» دېدى تاڭ يۈڭلياڭ.

5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سائەت 8دىن ئاشقاندا، 25 ياشلىق ۋېي جۆنچى ئىشخانىسىغا كىرىپ، بىر كۈنلۈك ئالدىراش خىزمىتىنى باشلىدى. ۋېي جۆنچى جۇڭگو تۆمۈريول بېيجىڭ قۇرۇلۇش ئىدارىسى 1 ـ شىركىتى خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى S1 بۆلىكى تۈر بۆلۈمىنىڭ مالىيە مەسئۇلى بولۇپ، 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا لوپ ناھىيەسىدىكى خىزمەت ئورنىغا بېرىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. ئۇ ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، S1 بۆلىكى تۈردە ئىش پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ ئىككى كۈندە، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ مائاش تارقىتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، «بىزنىڭ مالىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مائاشنىڭ ۋاقتىدا تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالىشىمىزمۇ، تۈرنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا كۈچ قوشقىنىمىز، دەم ئېلىش مەزگىلىدە ئارام ئالمىساقمۇ ئەرزىيدۇ» دېدى ۋېي جۆنچى.

چەۋەندازلىق ماھارىتى كۆرۈش، ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ باغ سەيلىسى قىلىش، پاكار ئات مىنىش، چىلان تورۇقىنى كۆرۈش... «1 ـ ماي» مەزگىلىدە، شىنجاڭ ياۋا ئات قەدىمىي ئېكولوگىيە باغچىسى ساياھەتچىلەر بارىدىغان ياخشى جاي بولۇپ قالدى، بۇ بازىغا كۈندە بارىدىغان ساياھەتچى 1000دىن ئاشتى. «بىز ھەر كۈنى ئۆي ئىچى ـ سىرتىنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق دېزىنفېكسىيەلەپ، بۇ يەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى شىنجاڭ ياۋا ئات مەدەنىيەت تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى تىجارەت مەركىزىنىڭ مەسئۇلى پېڭ گۈيپىڭ.

ساياھەتچىلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئات مەدەنىيىتى بىلىملىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، 23 ياشلىق پېڭ گۈيپىڭ ھەر كۈنى «سەييارە» چۈشەندۈرۈشنى ياخشى قىلىش بىلەن بىللە يەنە خىزمەتداشلىرىنى تەربىيەلەيدۇ، «چۈشەندۈرۈشىمىز ئارقىلىق، كۆپچىلىكنى ئات مەدەنىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى جەۋھەرلىرىنى تېخىمۇ بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى، ساياھەتچىلەرگە تېخىمۇ ياخشى ھېس قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى پېڭ گۈيپىڭ.

### نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ياشلىق قىياپىتىنى نامايان قىلىش

بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ ياشلار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە جاپالىق ئەجرى بىلەن ياشلىق قىياپىتىنى نامايان قىلدى.

بۇ بىرنەچچە كۈندە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىدىن خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسى ئاتبېشى كەنتىدە تۇرۇۋاتقان 1 ـ شۇجى ئىمىنجان مەمەت يۇرتداشلارغا ياردەملىشىپ ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى ئارقىلىق قۇرۇق ئۈزۈم ۋە چىلان سېتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ توردىن پايدىلىنىپ كەنت ئاھالىلىرىگە ياردەملىشىپ سېتىشنى سىناپ باقماقچى بولغانىدى، ئويلىمىغان يەردىن بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، سېتىلماي قالغان يەتتە توننا قۇرۇق ئۈزۈم پۈتۈنلەي سېتىلىپ، دېھقانلارغا 108 مىڭ يۈەن بېۋاستە كىرىم ئېلىپ كەلدى.

«مېنىڭچە ياشلار مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەپەككۇر قىلىشى، ئويلاشقا، قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا بىر كىشىلىك كۈچ قوشالىغانلىقىم كىشىلىك ھاياتىمدىكى بەختىم، ياشلىقىم شۇنىڭ بىلەن نۇر چاچىدۇ» دېدى ئىمىنجان.

ئۇلۇغچات ناھىيەسى جىغىن يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان مۇئاۋىن شۇجىسى چېن زوۋفېڭ 2015 ـ يىلى داشۆنى پۈتكۈزۈپ جىغىن يېزىسىغا كەلگەنىدى. چېن زوۋفېڭ شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئوتلاقنى قوغداش ئاساسىدا، چارۋىچىلىقنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ مەنبەلەشكەن زامانىۋى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە تۈرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىش، ئائىلىگە، ئادەمگە قاراپ تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق، چارۋىچىلارنىڭ ھەممىنى تومپايتىشىغا ياردەم بەردى. «يېڭى دەۋردىكى ياش بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جىغىن يېزىسىدا يىلتىز تارتىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۇل تاش بولىمەن» دېدى چېن زوۋفېڭ.

«ماڭا چوڭ ياردەم قىلدىڭىز!» 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۆزىنىڭ ئۈزۈملۈكىدە ئالدىراش ئىشلەۋاتقان ئابلىمىت تۇرسۇن قايتا زىيارەت قىلغىلى كەلگەن ياش كادىر ۋاڭ جىنجۇڭنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلاندى. ۋاڭ جىنجۇڭ دۆلەت ئېلېكتر تورى تۇرپان توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ پىچان ناھىيەسى دالانكارىز يېزىسى يوغانقىر كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى. ئۇ كەنتتىكى يېڭىلانغان بىر توك قۇدۇقىنىڭ ئون كىلوۋولتلۇق توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيەسىدىن 100 مېتىر يىراقلىقتا بولغاچقا نورمال ئىشلەتكىلى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئەۋەتكەن ئورۇننىڭ يېشىل يول ئېچىپ ھەل قىلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈردى. سۈپسۈزۈك قۇدۇق سۈيى سۇ تۇرۇبىسىدىن ئېتىلىپ چىققاندا، كەنت ئاھالىسى ئابلىمىت ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆز يېشى قىلدى، ئۇ ئۈزۈملۈكنى ئاخىرى سۇغىرالايدىغان بولدى.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش پارتىيەۋىلىك، ئەقىل ـ پاراسەت، ئىرادىگە بولغان ئۈچ سىناق، بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىنىڭ بىرىنچىمۇ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايمىز.» ۋاڭ جىنجۇڭنىڭ سۆزى بارلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كادىرلىرىنىڭ ئورتاق قەلب ساداسى ئىدى.

### ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، «ياشلىق جاۋاب قەغىزى»نى يېزىش

بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ شۇ دەۋر كىشىلىرىگە خاس ئۇزۇن سەپىرى بولىدۇ، بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ شۇ دەۋرگە خاس مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ ياشلار ئۆز ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، جاسارەت بىلەن «ياشلىق جاۋاب قەغىزى»نى يازماقتا.

بۇ قېتىمقى دەم ئېلىشنى شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سارىيىنىڭ پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىسى ساڭ گېلىن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزدى، بۇ ئۇنىڭ 3 ـ قېتىم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش لېكسىيەسى سۆزلىشى ئىدى. ساڭ گېلىن ئۆزىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بېرىشنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ بۇ قېتىم ئاساسىي قاتلامدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. «ئىلگىرى لېكسىيە سۆزلىگەندە، چوقۇم تەرجىمە قىلىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى، ھازىر كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پۇتۇڭخۇا سەۋىيەسى ئۆسۈپتۇ، بىز كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىۋاستە پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدۇق.» ساڭ گېلىن مۇنداق دېدى: ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەش گەرچە جاپالىق بولسىمۇ، ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتسەممۇ، ئەمما كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىگە بولغان تەشنالىقى، كىچىك دوستلارنىڭ قىزىقىش نەزەرى ۋە ھاياجانلىق ئىپادىسىنى كۆرگىنىمدە ئۆزۈمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تۇيغۇسىغا چۆمگەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن.

5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ناھىيەلىك باج ئىدارىسى 1 ـ باج شۆبە ئىدارىسىدىكى 85 ـ يىللاردا تۇغۇلغان باج كادىرى ۋاڭ بېي يەنىلا ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەپ، ھەربىر شەخسىي تاپاۋەت بېجىدىكى ئېنىقسىز سانلىق مەلۇماتلارنى ئەستايىدىل سېلىشتۇردى. ئۇ سول قولىدا تېلېفون، ئوڭ قولىدا مائۇس تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر ئورۇننىڭ مالىيە مەسئۇلىغا شەخسىي تاپاۋەت بېجى مەلۇم قىلىشنىڭ كونكرېت تەرتىپى توغرىسىدا تەپسىلىي يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى.

«ياش باج كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باج ئىشلىرى ئۈچۈن ياشلىق باھارىمنى تەقدىم قىلىش، تەر تۆكۈش گۈزەل دەۋرنى قەدىرلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى.» ۋاڭ بېي مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت جەريانىدا جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر خىزمەت ۋەزىپىلىرىگە دۇچ كەلگەندە مەن داۋاملىق ئاتاكىغا ئالدىدا ئۆتۈپ، ئۆكۈنمەيدىغان ياشلىق مېلودىيەسىنى پۈتۈپ چىقىمەن.

«دۇ بوۋا، بۇ ئىككى كۈندە سالامەتلىكىڭىز ياخشىدۇ، مەن سىزنىڭ ‹تۆت پېشقەدەملەر› تولۇقلىمىڭىزنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم، ھەممىسى ھېساباتقا كىرىپتۇ...» 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ما لى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى دۇ جىنرۇڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بانكا ئامانەت كىنىشكىسىنى بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

بۇلتۇر 6 ـ ئايدا، ما لى داشۆنى پۈتكۈزۈپ كەنتكە بېرىپ خىزمەتكە چۈشكەن كادىر بولۇش سۈپىتى بىلەن جىمسار ناھىيەسى دايىۋۇ بازىرى گۇاڭچۈەن تۆۋەنكى كەنتىگە كېلىپ بىر يىلغا يېقىن مۇلازىمەت قىلدى، ئۇنىڭ يۇرتداشلار ئارىسىدا قىزغىن ئامېي دېگەن ئىللىق ئىسمى بار بولدى. «گەرچە مېنىڭ ھەر كۈنى قىلىدىغان خىزمىتىم قالتىس خىزمەت بولمىسىمۇ، لېكىن ياش كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن پۇختا ئەستايىدىللىق بىلەن مەۋقەنى ئىش ئورنۇمغا قويۇپ، مەيلى نېمە خىزمەت قىلاي، پەقەت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قەلب بولسىلا، چوقۇم قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن» دېدى ما لى كۈلۈپ تۇرۇپ.

**(مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنپېي، قاتناشقان مۇخبىرلار لياڭ لىخۇا، ما يىنىڭ، لۇ فېڭباۋ، خېي خۇڭۋېي، مېھرىگۈل غوپۇر، ياڭ شۇخەن، شيې خۇيبىيەن، مېھرىگۈل ناسىر، ئىختىيارىي مۇخبىرلار لى شىنكاڭ، ۋاڭ فۇخۇا، جوۋ شىڭ يازغان)**